# يېقىنقى زاماندا سىلەرگە ئەمىر ۋە باشلىقلار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئېتىراپ قىلىسىلەر، بەزى ئىشلىرىنى شەرىئەتكە زىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنكار قىلىسىلەر، ئۇنىڭ چەكلەنگەن ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ دىلى بىلەن بولسىمۇ ئۆچ كۆرسە، ئۆزىنى پاك تۇتقان بولىدۇ، ئىنكار قىلغان كىشى خاتالىقتىن ساقلىنىپ قالىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا رازى بولۇپ ئەگەشكەن كىشى ھالاك بولىدۇ

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يېقىنقى زاماندا سىلەرگە ئەمىر ۋە باشلىقلار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئېتىراپ قىلىسىلەر، بەزى ئىشلىرىنى شەرىئەتكە زىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنكار قىلىسىلەر، ئۇنىڭ چەكلەنگەن ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ دىلى بىلەن بولسىمۇ ئۆچ كۆرسە، ئۆزىنى پاك تۇتقان بولىدۇ، ئىنكار قىلغان كىشى خاتالىقتىن ساقلىنىپ قالىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا رازى بولۇپ ئەگەشكەن كىشى ھالاك بولىدۇ» ساھابىلار: ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمىمىزمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ياق، ئۇلار نامازنى ئادا قىلغان مۇددەتتە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمايسىلەر»دېدى.

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە يېقىندا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئەمىر ۋە باشلىقلار توغرىسىدا خەۋەر بەردى، ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئېتىراپ قىلىمىز، بەزى ئىشلىرى شەرىئەتكە زىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىنكار قىلىمىز. شەرىئەتكە زىت بولغان ئىشنى باشقا تەرەپتىن ئىنكار قىلىشقا قادىر بولالماي دىلى بىلەن ئۆچ كۆرگەن كىشى گۇناھتىن ۋە نىپاقتىن پاك بولغان بولىدۇ. قولى بىلەن ياكى تىلى بىلەن ئىنكار قىلىشقا قادىر بولغان كىشى شۇ بويۇنچە ئىنكار قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن گۇناھ-مەسىيەتتىن ۋە ئۇ گۇناھقا شېرىك بولۇپ قىلىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشىغا رازى بولغان ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر ئۇلارغا ئوخشاش ھالاك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: مۇشۇ سۈپەتتىكى ئەمىر ۋە رەھبەرلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلمىمىزمۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇنداق قىلىشتىن چەكلەپ: «ئۇلار سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا نامازنى بەرپا قىلغان مۇددەتتە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماڭلار»دېدى.

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee